# ئى ئوغۇل! مەن ساڭا بىر قانچە سۆزلەرنى ئۆگىتىپ قوياي: سەن ئاللاھنى ياد ئەتسەڭ، ئاللاھ سېنى ياد ئېتىدۇ، سەن ئاللاھنى ياد ئەتسەڭ، ئاللاھنى سەن تەرەپتە تاپىسەن، بىر نەرسە سورىساڭ ئاللاھدىن سورا، ياردەم تەلەپ قىلساڭ ئاللاھدىن تەلەپ قىلغىن

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن بىر كۈنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلىغىنىڭ كەينىگە مىنگەشكەن ئىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:«ئى ئوغۇل! مەن ساڭا بىر قانچە سۆزلەرنى ئۆگىتىپ قوياي: سەن ئاللاھنى ياد ئەتسەڭ، ئاللاھ سېنى ياد ئېتىدۇ، سەن ئاللاھنى ياد ئەتسەڭ، ئاللاھنى سەن تەرەپتە تاپىسەن، بىر نەرسە سورىساڭ ئاللاھدىن سورا، ياردەم تەلەپ قىلساڭ ئاللاھدىن تەلەپ قىلغىن، بىلگىنكى! ئۈممەتنىڭ ھەممىسى بىرلىشىپ ساڭا بىر نەرسە بىلەن مەنپەئەت يەتكۈزمەكچى بولسا ئۇلار ساڭا پەقەت ئاللاھ تەقدىر قىلغان نەرسىدىن باشقا نەرسىنى مەنپەئەت يەتكۈزەلمەيدۇ، ئەگەر ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلىشىپ ساڭا بىر نەرسە بىلەن زىيان يەتكۈزمەكچى بولسا ئۇلار ساڭا پەقەت ئاللاھ تائالا تەقدىر قىلغان نەرسىدىن باشقا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، قەلەملەر كۆتۈرۈلدى، سەھىپىلەر قۇرىدى».

[تېكىست توغرا] [تىرمىزى رىۋايىتى]

ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ ئۆزىنىڭ كىچىك ۋاقتىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ كەينىگە مىنگىشىپ ماڭغاندا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىگە مۇنداق دېگەنلىكىنى خەۋەر بېرىدۇ: «مەن ساڭا بىرقانچە ئىشلارنى تەلىم بىرەي، ئۇ نەرسىلەر بىلەن ئاللاھ تائالا ساڭا مەنپەئەت بېرىدۇ: ئاللاھنىڭ بۇيرىقىنى ئادا قىلىش ۋە چەكلىمىلىرىدىن يىراق تۇرۇش بىلەن ئاللاھنى ياد قىلساڭ، ئاللاھ تائالا سېنى تائەت-ئىبادەت، ياخشى ئەمەللەردە تاپىدۇ، گۇناھ -مەسىيەت، ئاسىيلىقتا تاپمايدۇ. ئەگەر سەن شۇنداق قىلساڭ، ئاللاھ تائالا سېنى دۇنيا-ئاخىرەتتە ئۆزى ياقتۇرمايدىغان ئىشلاردىن مۇھاپىزەت قىلىش بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. سەن مۇھىم ئىشلىرىڭدا قايسى تەرەپكە يۈزلەنسەڭ، ئاللاھ ساڭا ياردەم بېرىدۇ. بىر نەرسە سورىماقچى بولساڭ، پەقەت ئاللاھدىن سورا، ئۇ زات بارلىق ھاجەتمەنلەرنىڭ تىلىكىنى ئۆزى ئىجابەت قىلىدۇ. ياردەم تەلەپ قىلماقچى بولساڭ، پەقەت ئاللاھدىن تەلەپ قىلغىن. سەندە شۇنداق بىر ئىشەنچ بولسۇنكى، ئەگەر زېمىن ئەھلىنىڭ ھەممىسى ساڭا بىر مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن جۈغلاشسىمۇ ئۇلار پەقەت ئاللاھ ساڭا تەقدىر قىلغان مەنپەئەتتىن باشقىنى يەتكۈزەلەلمەيدۇ. ئەگەر زېمىن ئەھلىنىڭ ھەممىسى ساڭا بىر زىيان يەتكۈزۈش ئۈچۈن جۈغلاشسىمۇ ئۇلار پەقەت ئاللاھ ساڭا تەقدىر قىلغان زىياندىن باشقىنى يەتكۈزەلمەيدۇ. ھەقىقەتەن بۇ ئاللاھ پۈتتۈەتكەن تەقدىر قىلىۋەتكەن ئىش بولۇپ، بۇ ئاللاھنىڭ تەقدىرى، ھېكمىتى، ئىلمى ۋە تەقەززاسىغا مۇۋاپىق بولىدۇ، ئاللاھ تەقدىر قىلغان نەرسە ئۆزگەرمەيدۇ.

https://www.sunnah.global/hadeeth/ug/show/4811

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY

لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee